# 49007 - ئىتىكاپ قىلىشتىكى ئاساسى مەقسەت نىمە؟، نىمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بۇ سۈننەتنى تەرك قىلدى؟

## سوئال

ئىتىكاپ قىلىش پەيغەمبەرئەلەيھسسالامدىن تەكىتلەنگەن سۈننەت تۇرسا، نىمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بۇ سۈننەتنى تەرك قىلدۇ؟، ئىتىكاپ قىلىشتىن بولغان ئاساسى مەقسەت نىمە؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بىرىشىڭلارنى سورايمىز.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئىتىكاپ قىلىش پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ئادەت قىلغان تەكىتلەنگەن سۈننەتلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ 48999- نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق ئىتىكاپنىڭ يولغا قويۇلىشى توغرىسىدىكى دەلىللەرگە قارالسۇن.

بۇ سۈننەت كۆپچىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئىكىدىن كۆتۈرلۈپ كەتتى، پەقەت ئاللاھ بۇ سۈننەتنى ئادا قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغان كىشىلەرلا مۇۋەپپەق بولىدۇ.

ئىتىكاپ قىلىش مۇسۇلمانلار ئەمەل قىلىشتىن يىراقلىشىپ كىتىپ ئۇنتۇلۇپ كىتىشكە ئاز قالغان سۈننەتلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇنىڭ تۆەندىكىدەك بىرقانچە تۈرلۈك سەۋەبلىرى بار:

1- كۆپچىلىك كىشىلەردىكى ئىمانى ئاجىزلىق.

2-مۇسۇلمانلار دۇنيا تۇرمۇشىغا بەك بېرىلىپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن ئۇلار بۇ سۈننەتتىن يىراقلىشىپ كىتىپ، قىسقا مۇددەت بولسىمۇ ئىتىكاپ قىلغۇدەك ھىممىتىنىڭ بولماسلىقىدۇر.

3- كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە جەننەت چۈشەنچىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كىتىشى، دۇنيانىڭ راھەت-پاراغەتلىرىگە مايىل بولۇپ كىتىش، گەرچە ئىتىكاپ قىلىشتا ئازراق قىيىنچىلىق بولسىمۇ، ئاللاھ رازى بولىدىغان بۇ يولدا قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بىرىشنى خالىماسلىقتىن ئىبارەتتۇر.

جەننەت ۋە ئۇنىڭدىكى نېمەتلەرنىڭ قەدىر-قىممىتىنىڭ يۈكسەك ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشلەر بولسا بۇنىڭغا ئىنتىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئېسىل-قىممەتلىك نەرسىلىرىنى سەرپ قىلىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«دىققەت قىلىڭلار! ئاللاھنىڭ تاۋارلىرى (يەنى مىلى) قىممەتلىكتۇر، دىققەت قىلىڭلار! ئاللاھنىڭ تاۋارلىرى جەننەتتۇر.»** [تىرمىزى رىۋايىتى. شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللاھ سەھىھ دېگەن 2450-ھەدىس].

4-كۆپچىلىك كىشلەرنىڭ قەلبىدە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببەت ئەمەلىي بولماستىن پەقەت ئاغزاكى سۆزدىن ئىبارەت بولۇپ، نۇرغۇنلىغان سۈننەتلەرنى تەتبىقلاشقا سەل قارىغان، ئېتىكاپمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَّقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا﴾ تەرجىمىسى: **«سىلەرگە، ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە، رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر. »** [سۈرە ئەھزاب 21-ئايەت].

ئىبنى كەسىر رەھمەھۇللاھ بۇ ئايەت ھەققىدە توختۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ: “بۇ ئايەت، مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىگە شۇنداقلا كىشلىك تۇرمۇشتىكى بارلىق ئىشلاردا ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىكى چوڭ ئاساس ھېسابلىنىدۇ”.

سەلەپ ئالىملىرى مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئادەت قىلىپ كەلگەن ئېتىكاپتىن ئىبارەت بۇ سۈننەتنى تەرك قىلغانلىقىدىن ئەجەبلەندى.

ئىبنى شىھاب زۆھرى رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: “مۇسۇلمانلارغا ھەيران قالىمەن، ئۇلار، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن باشلاپ تاكى ئاللاھ تائالا ئۇنى ۋاپات تاپتۇزغىچە بولغان ئارىلىقتا تەرك قىلمىغان ئېتىكاپتىن ئىبارەت سۈننەتنى تەرك قىلدى.

ئىككىنچى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاخىرقى ھاياتىدا ئادەت قىلغان ئېتىكاپ بولسا رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلىشتۇر، بۇ ساناقلىق كۈن، تەربىلەش كۇرسى بولۇپ، بۇ بىرقانچە كېچە-كۈندۈزدە قىلىنغان ئېتىكاپ تېزلىكتە مۇسۇلمان ھاياتىغا ئىجابىي ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ، شۇنداقلا مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر رامزانغىچە بولغان كەلگۈسى ھاياتىدىمۇ زور تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

مۇسۇلمانلار جامائىتى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلار ئادا قىلغان يول بويىچە بۇ سۈننەتنى ئادا قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بەك ئېھتىياجلىقتۇر.

ئۈممەت ئىچىدە پىتنە تارالغان، كىشلەر غەپلەتتە قالغان زاماندا رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتقان كىشى ئۇتۇق قازىنىدۇ.

ئۈچىنچى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئېتىكاپ قىلىشتىكى ئاساسى مەقسىتى بولسا قەدىر كېچىسىنىڭ پەزىلىتىگە نائىل بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ئەبۇ سەئىيد ئەلخۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:
**«پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىشىكى بورا بىلەن توسۇلغان كىچىك چېدىردا دەسلەپتە رامزاننىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلدى، ئاندىن ئوتتۇرىدىكى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلدى، كيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام چېدىرنىڭ ئىشىكىنى توسۇپ تۇرغان بورىنى بىر تەرەپكە قايرىۋېتىپ چېدىردىن بېشىنى چىقىرىپ كىشىلەرگە سۆزلىدى، كىشىلەر يېقىن كېلىپ ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:مەن قەدىر كېچىسىنى تېپىش ئۈچۈن رامزاننىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلدىم ئاندىن ئوتتۇرىدىكى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلدىم، ئاندىن ماڭا ۋەھيى ئېلىپ كەلگەن پەرىشتە قەدىر كېچىسىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈندە بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى، سىلەردىن ئېتىكاپ قىلىشنى ياقتۇرىدىغانلار بولسا ئېتىكاپ قىلسۇن دېدى، كىشىلەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ئېتىكاپ قىلدى.»** [ئىمام مۇسلىم رەھمەھۇللاھ 1167-ھەدىس].

يۇقىرىقى ھەدىستىن بىرقانچە پايدىلار ئېلىنىدۇ:

1- پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئېتىكاپ قىلىشتىكى ئاساسى مەقسىتى بولسا قەدىر كېچىسىنى تېپىش، ئۇ كېچىدە قىيامدا تۇرۇپ، كېچىنى ئىبادەت بىلەن ياشنىتىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ قەدىر كېچىسىنىڭ پەزىلەتلىك-ئۇلۇغ كېچە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَيْلَةُ الْقَدْرِ خَيْرٌ مِّنْ أَلْفِ شَهْرٍ﴾ تەرجىمىسى: **«شەبى قەدرى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر .»** [سۈرە قەدر 3-ئايەت].

2-بۇ كېچىنىڭ ۋاقتىنى بىلىشتىن ئىلگىرى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ كېچىنى تېپىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلغانلىقى، دەسلەپتە رامزاننىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلغانلىقى، ئاندىن ئوتتۇرىدىكى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلغانلىقى، ئۇنىڭدى كيىن قەدىر كېچىسىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە بولىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كيىن رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلغانلىقى رەسۇلۇللاھنىڭ قەدىر كېچىسىنىڭ پەزىلىتىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئەڭ يۇكسەك تىرىشچانلىقى ھېسابلىنىدۇ.

3-ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشى، ئۇلار ئىتكاپىنى باشلاپپەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە رامزاننىڭ ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇردى، بۇ ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىپادىسىدۇر.

4- پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلارغا بولغان مېھرىبانلىقى ۋە كۆيۈنۈشى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئېتىكاپىنىڭ قيىن ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، رامزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئۇلارغا ئۆزى بىلەن بىرگە ئېتىكاپ

قىلىش ياكى ئېتىكاپتىن چىقىپ كېتىش ئىختىيارلىقىنى بەردى. بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: **«سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن ئېتىكاپ قىلىشنى ياقتۇرىدىغانلار بولسا، ئېتىكاپ قىلسۇن»** دېگەن سۆزىدىن ئوچۇق ئىپادىلىنىدۇ.

ئېتىكاپ قىلىشنىڭ بۇنىڭدىن باشقا مەقسەتلىرىمۇ بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1-مۇمكىن قەدەر كىشىلەردىن ئايرىلىپ ئاللاھ تائالا بىلەن ئۈنسى-ئۈلپەت بولۇش.

2-ئاللاھ تائالانىڭ تەرىپىگە يۈتۈنلەي يۈزلىنىش ئارقىلىق قەلبىنى ئىسلاھ قىلىش.

3-ناماز ئوقۇش، زىكىر ئېيتىش، دۇئا قىلىش ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىبادەتلەرگە پۈتۈنلەي يۈزلىنىش.

4-روزىنى تولۇق شەكىلدىكى نەپسى شەھۋەتلەرنىڭ تەسىرىدىن ساقلاش.

5-دۇرۇس بولغان دۇنيا ئىشلىرىنى ئازايتىش، نەپسى ئۈندەيدىغان ئىشلارغا قىزىقماسلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

يەنە بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن دوكتۇر ئابدۇللتىپ بالتۇنىڭ: “ئېتىكاپنىڭ تەربىيۋى نەزىرىيەسى” ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.